


[ئىستون سۆزى]

ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا، ھەربىر ئائىلە ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقتا. «ئائىلە ئالبومى» سۈرەتنى ئىسپات قىلىپ، ئىنچىكە ھالقىلاردىن باشلاپ قول سېلىپ، ھەربىر ئائىلىنىڭ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش يولىدىكى تەسىرلىك ھېكايىلىرىنى بايان قىلىپ، دەۋرىمىزدىكى ئۇلۇغ ئۆزگىرىشلەرنى خاتىرىلەيدۇ.

# مەن ئولتۇراقلاشقان قەدىمىي شەھەر كۈندىن - كۈنگە گۈزەللەشتى

ئالبوم ئىگىسى: قەشقەر قەدىمىي شەھىرى ئاھالىسى قۇدرەت بايئاجى



7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، قۇدرەت ئائىلىسىدىكىلەر يېڭى تۇرالغۇسىدىكى تاللا بازىرى ئالدىدا ئۇپچە سۈرەتكە چۈشتى.



قۇدرەت ئائىلىسىنىڭ ئىشكى ئالدىدىكى كوچىنىڭ ئۆزگەرتىلىشتىن بۇرۇنقى مەنزىرىسى.

بۇ يىل 63 ياشقا كىردىم، قەشقەر قەدىمىي شەھىرىدىكى كېسەك ئۆيدە 50 نەچچە يىل تۇردۇم، ياشانغاندا ھاياتىمدا زور ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن.

مېنىڭ ئۆيۈم قەشقەر قەدىمىي شەھىرى مەنزىرە رايونىدىكى شامچى كوچىسىدا، «ياخشى ئۆيدە ئولتۇرۇپ، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈش» باللىق چاغلىرىمدىكى ئارزۇيۇم ئىدى.

ئىلگىرى بۇ يەرنىڭ ھەممىسى كېسەك ئۆي، پاتقاق يول ئىدى، سۇ ئىچىش ئۈچۈن 800 مېتىر يىراقلىقتىكى جايغا بېرىپ ئۆچىرەتتە تۇرۇپ سۇ ئالاتتۇق. بىز بىر ئائىلىدىكى ئالتە جان يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ھازىرلىمىغان 100 يىللىق كونا ئۆيدە قىستىلىشىپ تۇراتتۇق، مەن ئىشىك ئالدىدا يايما ئاچاتتىم، بىر كۈندە ھېچقانچە پۇل تاپالمايتتىم، كۈنلىرىمىز تەستە ئۆتەتتى!

«پاسكىنا سۇ پارغا ئايلىنىپ تۈگەيدۇ، ئەخلەت شامالدا ئۇچۇپ يۈرىدۇ، سۇ تۇرۇبىسى تامغا ئېسىقلىق، ھاجەت قىلىشقا ئۆگزىگە چىقىدۇ.» بۇ قوشاقتا تەسۋىرلەنگىنى دەل بۇرۇنقى قەدىمىي شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەينەن تۇرمۇشى ئىدى.

ھازىر ئوخشىمايدۇ، 2010 - يىلى ھۆكۈمەت بىزنىڭ كونا ئۆيىمىزنى ئۆزگەرتىشكە تۇتۇش قىلدى، يېڭى ئۆينىڭ ئەسلىھەلىرى تولۇق بولۇپ، رەتلىك، پاكىز ئىدى. بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۈچ قەۋەتلىك 700 نەچچە كۋادرات مېتىرلىق كىچىك بىناغا كۆچۈپ كىردۇق، بىرىنچى قەۋەت تاللا بازىرى، ئۈستىدىكى ئىككى قەۋەت تۇرالغۇ، بۇ يىل يەنە چوڭ ئوغلۇمغا 110 كۋادرات مېتىرلىق بىنا ئۆي ئېلىپ بەردىم. ئوغلۇم ئىككىمىز تاللا بازىرىنى يۈرۈشتۈرۈۋاتىمىز، تاللا بازىرىدىن ئايدا 15 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىمىز.

مىللىي ناخشا - ئۇسسۇللاردىن ھوزۇرلاندۇق، خاس مىللىيچە يېمەكلىكلەرنى تېتىدۇق، كوزىچى يارىبېشى ۋە قەدىمىي شەھەرنى ئايلاندۇق... دۇكىنىمغا كەلگەن خېرىدارلار قەدىمىي شەھەرنى تىلغا ئالسىلا ماختىماي قالمايدۇ.

مەن ۋە قوشنىلىرىم دائىم قەشقەر قەدىمىي شەھىرىنىڭ كۈندىن - كۈنگە يېڭى تۈسكە كىرىۋاتقانلىقى، كۈندىن - كۈنگە گۈزەللىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھاياجانغا تولىمىز.

**(قۇدرەت بايئاجىنىڭ ئاغزاكى بايانى، پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خەن چىنيەن رەتلىگەن)**



7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، قۇدرەت ئەر - خوتۇن ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى يېڭى ئۆيدە ئائىلە شادلىقىدىن بەھرىمەن بولماقتا.
□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خەن چىنيەن فوتوسى

# ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئون ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

(بېشى 1 - بەتتە)

دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن بەش يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا بىرلەشمە داۋالاش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لۇ چېڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ قېتىم دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىسالىنىڭ سەككىزى ئادەتتىكى تىپلىق، ئىككىسى يېنىك تىپلىق. دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىن، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە دوختۇر - سېسترالار كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇشى - داۋالىشى، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، يۇقىرىقى ئاغرىق مىساللىرىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى سىجىل ياخشىلاندى، نەپەس يولى كېسەللىك قوزغاتقۇچى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ئۇدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق مەنپىي چىقتى، تورلۇك خىمىيەلىك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى، ئۆپكە قىسمىنى رېنتگېنلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ھەممىسى نورمال بولۇپ، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى(سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 7 - نۇسخىسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن.

(بېشى 1 - بەتتە)

بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى بىرىنچى ۋاقىتتا تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمىي بويىچە تەكشۈرۈش تەجرىبىسى مول مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنى ئاپتونوم رايونىمىزغا خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتتى. مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىز دەرھال ئاپتونوم رايون، شەھەر، رايون(ناھىيە) ئۈچ دەرىجىلىك تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمىي بويىچە تەكشۈرۈش قوشۇنىنى بىرىكتۈرۈپ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن مەھەللىلەرنىڭ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ ماسلىشىشىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، چوڭقۇر، ئىنچىكە بولغان تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمىي بويىچە تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تېز قانات يايدۇردى، بارلىق ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىساللىرىنى تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمىي بويىچە تەكشۈرۈشنى تاماملاپ، ۋاقىت تەرتىپى خەرىتىسى ۋە مۇناسىۋەت خەرىتىسىنى سىزىپ، بىرمۇ ئادەمنى چۈشۈرۈپ قويماسلىق، ھەرقانداق يىپ ئۇچىنى قويۇۋەتمەسلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر كۈنلۈك تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمىي بويىچە تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ۋاقتىدا نۆللەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى قانات يايدۇرۇشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىدى.

تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمىي بويىچە تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئالاقىدار تارماقلار يېقىندىن ئۇچراشقۇچىلارنى تېزدىن رەتكە تۇرغۇزۇپ ئېنىقلاپ، ھەممىسىگە مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىشنى يولغا قويدى؛ يېقىندىن ئۇچراشقۇچىلار بىلەن ئۇچراشقان ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە قارىتا قاتتىق بولغان ئائىلىدە تۇرغۇزۇپ باشقۇرۇش - تىزگىنلەش تەدبىرىنى يولغا قويۇپ، ھەر كۈنى بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلدى؛ نۇقتىلىق رايون، نۇقتىلىق مەيدان - سورۇنلارغا قارىتا تولۇقلاپ ئەۋرىشكە ئېلىپ كۆزىتىش - ئۆلچەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ مۇنداق ئۈچ ئالاھىدىلىكى بار: بىرىنچى، «جىددىي»، ئالدىنقى مەزگىلدە ئەۋج ئېلىشى تېز، ئاغرىق مىسالىنىڭ كۆپىيىشى تېز بولدى، 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە يۇقىرى پەللىگە چىققاندىن كېيىن تۆۋەنلەشكە باشلىدى؛ ئىككىنچى، «توپلىنىش»، رايون دائىرىسى، ۋەقەدە بىرقەدەر كۈچلۈك توپلىنىش خاراكتېرى ئىپادىلەندى، ھازىرغا قەدەر 99.3% ئاغرىق مىسالى ئۈرۈمچىدە كۆرۈلدى؛ ئۈچىنچى، «يېنىك»، ئاغرىق مىساللىرى ئېغىر بولمىغان ئاغرىقلارنى ئاساس قىلغان بولۇپ، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن، يېنىك تىپتىكى ۋە ئادەتتىكى تىپتىكى ئاغرىق مىساللىرىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى يۇقىرى.

سۈي يەن شەھەر ئاھالىلىرىگە مۇنداق ئەسكەرتتى: تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمىي بويىچە تەكشۈرۈش خىزمىتىگە پائال ماسلىشىپ، ئەينەن، تەپسىلىي ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەپ، ئېھتىماللىقى بولغان يۇقۇملانغۇچىلار ۋە خەۋپ - خەتەر نۇقتىلىرىنى تېزدىن رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش ۋە باشقۇرۇپ تىزگىنلەشنى ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىش كېرەك. قىسمەن كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت ئىزى ۋە كېسەللىك ئەھۋالىنى يوشۇرۇش قىلمىشى ئۆزىنى داۋالاشقا پايدىسىز بولۇپلا قالماي، يەنە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە ئىنتايىن پايدىسىز تەسىر كۆرسىتىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

رەقەملەشتۈرۈپ تىپىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ياسىمچىلىقنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىش شىنجاڭ ياسىمچىلىقىنىڭ «كوللېكتىپ تاللىشى».

«ئەنئەنىۋى پولات - تۆمۈر ياسىمچىلىق كارخانىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، جەزمەن ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش ئارقىلىق يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاقىل ياسىمچىلىققا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىپ، ئاقىل 1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر زاۋۇتى قۇرۇشنى تېزلىتىپ، ياسىمچىلىقتىن ‹ئاقىل ياسىمچىلىق›قا يۈزلىنىشىمىز كېرەك. بولمىسا، دەۋر قەدىمىنىڭ كەينىدە قالىمىز ھەم دەۋر تەرىپىدىن شاللىنىۋېتىلىمىز» دېدى باۋگاڭ گۇرۇھى شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر چەكلىك شىركىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر شياۋ گودۇڭ.

2019 - يىلى، 1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر چەكلىك شىركىتى ئاقىل زاۋۇت، ئاقىل مەركەزلىك كونترول سۇپىسى، تەرتىپنى ئەلالاشتۇرۇش ۋە قايتا ياساش، ئاقىل كان، ئاقىل كۆمۈر كېنى، ئاقىل ماركېتنىڭ قاتارلىق ئالتە چوڭ تۈردىكى 26 ئاقىل ياسىمچىلىق تارماق تۈرىنى بېكىتتى. ئاقىل ياسىمچىلىقنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇش، ئىلغار تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ پولات - تۆمۈر ھۈنەر - سەنئىتىنى يېڭىلاش، تەرتىپنى قايتا تۈزۈش ۋە تەشكىللەپ ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇش ئارقىلىق، يېڭى ئېشىش ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى شەكىللەندۈرۈپ، يېڭى رىقابەت ئەۋزەللىكىنى يېتىلدۈرۈپ، شىركەتنىڭ يادرولۇق رىقابەت كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى.

ئاقىل ياسىمچىلىقنىڭ ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۆزگىرىش تۇيدۇرماي يۈز بەردى. 1 - ئاۋغۇست تۆمۈر تاۋلاش زاۋۇتىنىڭ خىزمەتچىسى ۋاڭ شىنپې مۇنداق دېدى: «تۆمۈر تاۋلاش زاۋۇتىدىكى 2500 كۇب مېتىرلىق ئۈچ دومنا پېچىنىڭ مەركىزىي كونترول ئۆيى ھازىر بىرلەشتۈرۈلدى، بۇ ئازادە، يورۇق مەركىزىي كونترول ئۆيىدە، بىر خىل ‹كاتتا› تۇيغۇنى ھېس قىلىمىز، ئۈچ دومنا پېچىنىڭ يۈرۈشۈش ئەھۋالى، جۈملىدىن ماتېرىيال سەپلەش، كۆمۈر پۈركۈش، داشقال چىقىرىش قاتارلىق دومنا پېچىنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ئاساسلىق ۋە قوشۇمچە سىستېمىسىنىڭ يۈرۈشۈش ئەھۋالى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. مەركىزىي كونترول ئۆيىدە بېلىق باقتۇق، گۈل باقتۇق، ئوقۇيدىغان كىتابلىرىمىزنى تىزىپ قويدۇق، يەنە چاي ئۈستىلى، قەھۋە ماشىنىسى قاتارلىقلار بار، خىزمەت مۇھىتىمىز بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ».

ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمچىلىق شىنجاڭ سانائىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلماقتا.

ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمچىلىققا تايىنىپ، شىنتې ئېنېرگىيە پاي چەكلىك شىركىتى يۇقىرى ساپ كرىستاللىق كرېمنىي ئەقلىي ئىقتىدارلىق زاۋۇتى ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرىدە ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى 28% ئۆستۈرۈش، تىجارەت تەننەرخىنى 25% تۆۋەنلىتىش، مەھسۇلات تەتقىق قىلىپ ياساش دەۋرىنى 30%تىن ئارتۇق قىسقارتىش، ناچار مەھسۇلات نىسبىتىنى 50% تۆۋەنلىتىش، ئېنېرگىيەدىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى 15% ئۆستۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنجاڭدىكى كرېمنىينى ئاساس قىلغان كەسىپلەرنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىنىڭ سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، شىنجاڭدا ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمچىلىقنى قانات يايدۇرۇشنى ئېنىق بېكىتكەن ھەم بەلگىلىك كۆلەمگە ئىگە بولغان كارخانا 40تىن ئاشقان، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمچىلىق ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولىدىغان، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئاساسلىق ئەندىزىگە ئايلانغان. ھازىر، شىنجاڭ توك يەتكۈزۈش، بېسىم ئۆزگەرتىش، يېنىك سانائەت، نېفىت خىمىيە سانائىتى، يېڭى ئېنېرگىيە، يېڭى ماتېرىيال، بىيو دورىگەرلىك، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، توقۇمىچىلىق قاتارلىق ساھەلەردە دۆلەتنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمچىلىقنى نۇقتىدا سىناق قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى كارخانىسىدىن توققۇزنى، دۆلەت مالىيەسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمچىلىق يېڭى ئەندىزىسىنى قوللىنىش تۈرى كارخانىسىدىن 11نى، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمچىلىقنى ئۆلچەملەشتۈرۈش تۈرى كارخانىسىدىن ئىككىنى يېتىلدۈرگەن بولۇپ، ئۈلگە كۆرسىتىش رولى كۆرۈنەرلىك، تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغان.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياغىزيياك كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)